ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# بالىلار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# بالىلار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان


باش تۈزگۈچى: تۇرسۇن قۇربان

تۈزگۈچىلەر: تۇرسۇن قۇربان، مېھرىبان ئەبەيدۇللا
ئايگۈل ئابدۇرېھىم، گۈلمىرە ئىمامھەسەن
مۇنەۋۋەر ئابلىز، بۇلبۇل ئەكرەم
مەريەم قۇربان، رىسالەت شېرىپ
زامانىدىن پاكزات



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

儿童文学概论/吐尔逊·库尔班主编. 一乌鲁木齐:
新疆大学出版社,2005.8
ISBN 7—5631—1975—2

Ⅰ.儿… Ⅱ.吐… Ⅲ.儿童文学一概论一高等
学校一教材一维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I058

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 086132 号

高等院校教材

# 儿童文学概论

主编:吐尔逊·库尔班
吐尔逊·库尔班、米合日班·艾拜都拉
阿依古力·热伊木、古力米热·依玛木
米娜娃尔·阿布力孜、布力布力·艾克热木 编
马热亚木·库尔班、热沙来提·西日甫
扎马丁·帕克扎提

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮政编码:830046)
新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
开本:787mm×1092mm 1/16 38.75 印张
2005 年 8 月第 1 版 2005 年 8 月第 1 次印刷
印数:0001—2000 册

ISBN 7—5631—1975—2
定价:48.50 元

# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «باللار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ئىنسانىيەت بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرگەن، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش قەدىمىگە ماسلىشىپ مائارىپ ئىشلىرىمۇ يەر شارىلىشىۋاتقان يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئالىي مەكتەپ مائارىپىنىڭ سۈپەت تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈلدى.

2. XX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دۇنيانىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، ئەدەبىيات-سەنئەت، جۈملىدىن باللار ئەدەبىياتى ئىشلىرىدا يېڭى نەتىجىلەر، يېڭى تەپەككۇر ۋە ئىلمىي نەزەرىيىلەر، نادىر ئەسەرلەر خېلى كۆپ بارلىققا كەلدى. ئاپتورلار بۇ يېڭىلىقلارنى، مۇشۇ ئاساستىكى باللار ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى مەزكۇر كىتابتا ئاز-تولا ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى.

3. بۇ كىتاب، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەر، ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ باللار ئەدەبىياتى ئىلمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى تولۇق كۇرسى، مەخسۇس كۇرسى ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ ئومۇمىي روھى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، مەملىكىتىمىزدە ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا يېقىنقى يىللاردا نەشر قىلىنغان بىر قەدەر يېڭى ھەمدە سۈپەتلىك باللار ئەدەبىياتى دەرسلىك قوللانمىلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلدى. كىتابتا بەلگىلىك دەرىجىدە ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى، تەرەققىيات تارىخى، يېڭى نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن كىتاب دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىندى.

4. بۇ كىتابنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەر، ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكوم مەكتەپلىرى، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئۇنىڭ جايلاردىكى شۆبە مەكتەپلىرىنىڭ ۋە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئاساسلىق ئوقۇلىدىغان، چوقۇم ئوقۇلىدىغان ۋە تاللاپ ئوقۇلىدىغان دەرسلىكى قىلىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ دەرسلىكنى يەسلى، باللار باغچىسى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ، پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن مائارىپ ئىلمى تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلار، يازغۇچىلار، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ۋە ئوبزورچىلار خېلى يېتەرلىك پايدىلىنالايدۇ.

5. بۇ كىتابنى تۈزۈشكە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى باللار ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان بىر بۆلەك تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى. يەنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى (دوتسېنت) تۇرسۇن قۇربان كىتابنىڭ باش تۈزگۈچىسى بولدى، كىتابنىڭ پۈتۈن سىستېمىسىنى، پروگراممىلىق مۇندەرىجىسىنى، ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە «كىرىش سۆز» نى، بەشىنچى بابنىڭ كۆپ قىسمىنى، ئون ئىككىنچى ۋە ئون

ئۈچىنچى بابلارنى تۈزۈپ چىقتى، شۇنداقلا ھەر قايسى بابلارغا قارىتا زۆرۈر تولۇقلاش ئېلىپ باردى؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى (لېكتور) مېھرىبان ئەبەيدۇللا تۆتىنچى ۋە يەتتىنچى بابلارنى؛ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى (لېكتور) ئايگۈل ئابدۇرېھىم ئىككىنچى بابنى؛ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى (لېكتور) گۈلمىرە ئىمامھەسەن ئونىنچى بابنى؛ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى (لېكتور) مۇنەۋۋەر ئابلىز بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى بابلارنى؛ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى (لېكتور) بۇلبۇل ئەكرەم ئالتىنچى ۋە سەككىزىنچى بابلارنى؛ ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى (دوتسېنت) مەريەم قۇربان ئون بىرىنچى بابنى؛ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى (لېكتور) رىسالەت شېرىپ توققۇزىنچى بابنى؛ شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىسى زامانىدىن پاكزات بەشىنچى بابنىڭ بىر قىسمىنى تۈزدى.

مەزكۇر دەرسلىكنى تۈزۈش ئىشىغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر مۇناسىپ ھالدا يار-يۆلەكتە بولدى، شۇنداقلا بىر قىسىم بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچى-شائىرلىرى ۋە ئوبزورچىلىرىمۇ قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. كىتاب مۇئەللىپلىرى ئاشۇ ئورۇنلارغا ۋە شەخسلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ.

بۇ چوڭ ھەجىملىك دەرسلىكنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە نەشر قىلىنىشى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى مائارىپىنىڭ دەرسلىك ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى جەھەتتىكى مەلۇم بوشلۇقىنى تولدۇرىدۇ، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە مەلۇم رول ئوينايدۇ، لېكىن مائارىپنىڭ، جۈملىدىن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يەر شارىلىشىش قەدىمى كىتابنىڭ تېخىمۇ بېيىشىنى، تاكامۇللىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

باش تۈزگۈچىدىن

2001-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنى



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

## — بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى بالىلار ئەدەبىياتىغا موھتاجدۇر

### 1

مىلادىيىدىن بۇيانقى 2000 يىللىق ئۇزاق مۇساپە ئىنسانلارنىڭ 2 مىليون يىللىق يارىلىش، ئۆسۈش، ۋايىغا يېتىپ ھەقىقىي ئادەملەرنى ۋە ئادەملەر توپىنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەريانىدىكى بىر ئالاھىدە تارىختۇر. ئىنسانلار مىلادىيىنىڭ بىرىنچى مىڭ يىلى باشلىنىشى بىلەن ئۆزىنىڭ نىسبەتەن كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا ۋە مۇكەممەللىككە يۈزلەنگەن مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىشقا قەدەم قويدى. بۇ ئىككى مىڭ يىل — ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇللۇقتىن ھۆرلۈككە، ھاكىم مۇتلەقلىقتىن دېموكراتىيىگە، بىر قۇتۇپتىن كۆپ قۇتۇپلىششقا، تار مەھەللىۋى جەمئىيەتتىن مىللىي جەمئىيەتكە ۋە دۇنياۋى جەمئىيەتكە، چېگرا تاملىرى قاتتىق بولغان بېكىنمە ھالەتلىك يەرلىك مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئېچىۋېتىلگەن ھەممە يەر شارلىششقا يۈزلەنگەن دۇنياۋى مەدەنىيەتكە سەكرەپ ئۆتۈش تارىخىدۇر. ئارىستوتېل مۇنداق دېگەن: «ئادەم تەبىئەتكە نىسبەتەن ئىجتىمائىي مەۋجۇداتتۇر».[1] ئەشۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدات بولغان ئادەملەر تەبىئەت تەرىپىدىن يارىلىپ، جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىك، مۇقەررەرلىك ۋە قىسمەنلىك تەرەققىياتىدا كامالەتكە يەتكەندۇر. دېمەك، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئادەملەرنى تېخىمۇ ئۆتكۈر ئەقىل-ئىدراككا، ئاجايىپ تەرەققىيات پۇرسىتىگە، ئاخىرىدا ئۇلۇغ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە قىلدى. ھەقىقەتەن، «ئادەم ئۆز تەبىئىتىگە نىسبەتەن ئىجتىمائىي مەۋجۇدات ئىكەن، دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تەبىئىتىنى پەقەت جەمئىيەتتىلا كامالەتكە يەتكۈزەلەيدۇ» (ماركس)[2]. ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىككى مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى ماركسنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىنسانلار تارىخى بېسىپ ئۆتكەن ئۆتكەنكى 2000 يىل ئېنىقكى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۇرۇش تارىخىدۇر. چۈنكى ئادەملەر تەربىيىلىنىپ يېتىلگەندە ئاندىن ئەقلىي كامالەتكە، ئەخلاقىي ئالىيجانابلىققا، ئىقتىسادىي ئۇستۇنلۇككە، سىياسىي قۇدرەتكە ئىگە بولالايدۇ. بۇ 2000 يىللىق تارىخ ئىسپاتلىغان بىر ھەقىقەت شۇكى، ئادەملەر قايسى دەۋردە ياشىسۇن، قايسى مىللەتكە ۋە دۆلەتكە تەۋە بولسۇن، ھامان تەربىيىلەشكە-تەربىيىلىنىشكە، يېتىلىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرۇشى، بىلىم ئارقىلىق كامالەتكە يېتىپ مەلىكىلىك بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك. ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن 2000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخى بىزگە يەنە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرىدۇكى، قايسى ئادەم، قايسى مىللەت تەربىيىلىنىشكە، يېتىلىشكە، ئۆزىدە قۇدرەتلىك مەنىۋى ئېنېرگىيىنى موللاشتۇرۇشقا تىرىشسا، ئۇ ھەرقانداق خىرىس، رىقابەت ۋە توسقۇنلۇقلار ئالدىدىمۇ قەد كۆتۈرۈپ ئالغا باسالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى يارىتىپ، دۇنيا

---

① ۋىل ۋرونتسوف: «تەپەككۇر گۈلشىنى»، ئا. خەلپەت تەرجىمىسى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىل نەشرى.
② ۋىل ۋرونتسوف: «تەپەككۇر گۈلشىنى».

تارىخ سەھنىسىگە چىقالايدۇ. ئامېرىكىلىقلار، ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار، گېرمانلار، ياپونلار، يەھۇدىيلار، ئىسپانلار، خەنزۇلار، كورېيىلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى يۇقىرىقى ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى. ئەگەر بىر مىللەتتە ۋە دۆلەتتە ھوشيار، زېرەك، ئىقتىدارلىق ۋە ئىجادىي روھقا باي ئادەملەر كۆپرەك بولسا، مۇقەررەركى، بۇنداق مىللەت ۋە دۆلەت كۆپ نوپۇسلۇق بولمىسىمۇ ھامان ھەممە جەھەتتە روناق تېپىپ، ئىنسانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا تۆھپىكار ئورۇنغا، ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ھەمدە باشقا مىللەتلەرگە مۇئەللىم بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولالايدۇ. فرانسىيىلىك بىر شەرقشۇناسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل ئەقىل-پاراسەت، ئەخلاقىي ئالىيجانابلىق، مەدەنىيەت ئۇستۇنلۇكى جەھەتتە پۈتۈن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە مۇئەللىملىك ئورۇنغا ئېرىشكەنىدى. ئەپسۇسكى، بۇ تارىخ ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. ئەمدىلىكتە ئادەملەر بىلمەكتىكى، خۇددى فرانسىيە كلاسسىك يازغۇچىسى ۋىكتور ھيوگو ئېيتقاندەك، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ سانى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەقلىي كامالىتى، ئەخلاقىي ئالىيجانابلىقى ۋە جىسمانىي سۇمباتلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا بىر مىللەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئورۇنغا ۋە تارىخىي شەرەپكە ئېرىشىشىدە يەنە ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۇنىۋېرسال كۈچ-قۇدرىتىنىڭ زور بولۇشى ھەمدە بۇ كۈچنىڭ مۇقىم ھالەتلىك بولۇشى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ ئىزچىل تەرەققىيات ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشلىرى زۆرۈر. چۈنكى تەرەققىيات بىر خىل زۆرۈرىيەت بولۇپ، ئۇ ئادەملەرنىڭ، جۈملىدىن، مىللەتلەرنىڭ زۆرۈرىيەت ئالەمىدىن ھۆرىيەت ئالەمىگە ئۆتۈشىدە غايەت چوڭ رول ئوينايدۇ. شۇڭا «تەرەققىياتنى رەت قىلىش خۇددى ئېغىرلىق كۈچىنى رەت قىلىشتەك بىمەنىلىكتۇر» (ن. گ. چېرنىشۋىسكىي)[1]. دۇنيادىكى مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ھامان چەكسىزلىككە، يۇكسەك قىممەتكە ئىنتىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇ يەردە.

ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر مىللىي ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ئۆز كىشىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بۇ ئىشتا مەۋقەنى ئۆسمۈر-بالىلارنى تەربىيىلەشكە قويغان، مائارىپنى ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش تارىخىنىڭ يەكۇنى شۇكى، تەربىيىلەش ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ كىچىك چېغىدىن باشلىنىدۇ، بۇ تەلىم-تەربىيىنىڭ بېشىدۇر، بۇ تەرەققىياتنىڭ، بولۇپمۇ مەدەنىي تەرەققىياتنىڭ ئۇمىدلىك يىپ ئۇچىدۇر. ئۆسمۈر-بالىلارنى تەربىيىلەش ھەممە ئىشلار ئىچىدە ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان قىيىن ئىش. ئەپلاتون: «ئىشنىڭ بېشى ھەممىدىن مۇھىم»[2] دېگەنىدى. ئەپلاتون ئېيتقان ئىشنىڭ بېشى دەل ئادەملەرنىڭ بىر پۈتۈن تەربىيىلىنىشىدىكى ھالقىلىق مەزگىل — بالىلىق دەۋردىكى تەربىيىلىنىشىدۇر.

ئىنسانلار ئومۇميۈزلۈك يېڭىچە تارىخىي دەۋرگە — بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرگەن ۋاقىتتا ئىشنىڭ بېشى بولغان ئۆسمۈر-بالىلارنى تەربىيىلەش باشقىچە كىرىزىسكە، خىرىسقا، رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە. مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر يېڭى خىرىس، كىرىزىس ۋە رىقابەتلەردىن

---

① ۋىل ۋرونتسوۋ: «تەپەككۇر گۈلشىنى»، 383-بەت.
② «ئەپلاتون پارچىلىرى» — «ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشى»غا قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.

غالىب كېلىپ، بالىلارنى تەربىيىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۆسۈش تەرەققىياتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەرگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدىكى چوڭلار بىر تەرەپتىن، يېڭى-يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتىشى زۆرۈر، ئەلۋەتتە؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈپ، پەرزەنتلەرنى سۈپەتلىك بېقىشى، سۈپەتلىك تەربىيىلىشى كېرەك. بۇمۇ بىر خىل كەشپىياتتۇر. چۈنكى ساپالىق ئادەملەر تەرەققىيات جەريانىدا ماددىي نېمەتلەرنىمۇ، مەنىۋى نېمەتلەرنىمۇ ئىشلەپچىقىرىدۇ، سۈپەتلىك ئادەملەرنىمۇ ئىشلەپچىقىرىدۇ. پەقەت ساپالىق ئادەملەر كۆپ ۋە مۇقىم ھالەتتە بولغاندا، ئاندىن تەرەققىياتتىن، بولۇپمۇ مەدەنىي تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ۋىكتورھيوگو ئېيتقاندەك، تەرەققىيات، بولۇپمۇ مەدەنىي تەرەققىيات — بۇ ئالغا كېتىۋاتقان ئىنسان ئوغلى ھەر قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتقان دائىمىي كەپپىياتلاردۇر. تەرەققىيات سۆزىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

ھەرقايسى ئەللەر، مىللەتلەر، ئۆلكە، رايونلار سىجىل تەرەققىيات مۇھىتىنى يارىتىپ، يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىقتىساد، يۇكسەك دەرىجىدىكى مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ھامان ئۆز تەۋەسىدىكى ئادەملەرنىڭ ساپالىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن بىر ئادەمنىڭ ساپالىق يۇقىراغا ئايلىنىشى ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى تەربىيىلىنىشىگە ۋە يېتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك. بۈگۈنكى دۇنيادىكى 2 مىلياردتىن ئارتۇق بالىنىڭ ھەممىسىلا يېتەرلىك تەربىيىگە ئىگە بولۇپ كەتكىنى يوق. 800 مىليونغا يېقىن بالا يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە تەربىيىلىنىش جەھەتتە تولۇق كاپالەتكە ئىگە ئەمەس. 100 مىليون بالا ئاچارچىلىق ئازابىنى تارتماقتا. دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەت، رايونلاردىكى ئادالەتسىز ئۇرۇشلار، قەبىھ تېررورلۇق قىلمىشلار، ئىرقىي ۋە مىللىي كەمسىتىش قىلمىشلىرى، بىر قىسىم ئاچ كۆزلەرنىڭ بالا ئىشچىلارنى ئىشلىتىپ خورلىشى، زەھەر سودىسى بىلەن زەھەر چېكىش، ئەيدىز كېسىلى قاتارلىق ئامىللار نۇرغۇن بالىلارغا ئازاب-ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، دۇنيادا ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىنى يۇقتۇرۇۋالغانلار 50—60 مىليوندىن ئاشىدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە 25 مىليونى 25 ياشتىن تۆۋەن بولغان ياش-ئۆسمۈرلەردۇر، بۇ 25 مىليون ئەيدىز كېسىلى بىمارىنىڭ 50% تىن ئارتۇقراقى 12 ياشتىن تۆۋەن بالىلاردۇر. قەبىھ ئادەم سودىگەرلىرىنىڭ نارەسىدە ئوغۇل-قىزلارنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈپ، ئەڭ رەزىل قىلمىش — ئادەم سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىشى نۇرغۇن بالىلارنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ۋەھشىي ئادەم سودىگەرلىرىنىڭ جىنايىتىمۇ ئادەمنى شۈركەندۈرىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلار مۇنداق بىر قاتتىق قائىدىنى چۈشەندۈرىدۇ، ھازىرقى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىمۇ ئادەملەرنى، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش مەسىلىسى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكىدىنمۇ جىددىي، مۇھىمدۇر. بۇندىن كېيىنمۇ مائارىپنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈش، بالىلارغا قارىتىلغان تەلىم-تەربىيە مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش، مائارىپنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى، ئوبرازلىق تەربىيە ۋاستىسى بولغان بالىلار ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ ھەسسىلەپ چىڭ تۇتۇپ راۋاجلاندۇرۇش كېرەككى، بۇ خىزمەتلەرنى مىنۇتمۇ ئاستىلىتىپ قويۇشقا، بوش تۇتۇشقا زادى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ زاتلار دېگەندەك، تەلىم-تەربىيە ئىشى چىن ۋىجدان ئىشى، مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە ئىشى. بۇ ئىش ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ، مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ،

مەرپەتپەرۋەرلىكنىڭ رېئاللىقتا نامايان بولۇشىدۇر.

## 2

باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى — بىر پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەدەبىيات-سەنئىتى ھادىسىسىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى. ئۇ باللار-ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان ئوبرازلىق، قىزىقارلىق، ئۈنۈملۈك تەربىيە ۋاستىسى. باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى ئۆزى ياراتقان تەسىرلىك، خۇشپېئىل ۋە گۈزەل ئوبرازلار ئارقىلىق باللارغا ساغلام ئىدىيە، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت خىسلىتى ۋە شادىيانە كەيپىيات بېغىشلايدۇ.

باللارغا قارىتىلغان تەلىم-تەربىيە ۋە باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى ئوقۇشلۇقلىرى ئومۇملاشقان مىللەتنى مەدەنىيەتلىك مىللەت دېيىشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق شەرەپ ھەممىلا مىللەتكە مەنسۇپ بولۇپ كەتكىنى يوق. نۇرغۇن مىللەتلەر تۇرمۇشىدىكى رېئاللىق، جۈملىدىن، جۇڭگو مىللەتلىرى تۇرمۇشىدىكى رېئاللىق، مۇھىمى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ئومۇمىي تەلەپ، تەقەززاسى بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر، باللار ئەدەبىيات-سەنئىتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ، باللارشۇناسلىق ئىلمىنى، باللار ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ، باللارغا كېرەكلىك نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە باللارغا قارىتىلغان تەلىم-تەربىيە ۋە ئۇنىڭ ئوبرازلىق شەكلى بولغان باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ؟

1. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك خىزمەت ئوبيېكتى ۋە تەرەققىيات پىلانى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، باللارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش دۆلەت، مىللەت ۋە دەۋرنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. چۈنكى بىرىنچىدىن، ئۆسمۈر-باللار ئىنسانلارنىڭ ئەتىسى. بۇ ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنى باللارنىڭ ئەتىسى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ بۈگۈندىن تېخىمۇ پارلاق، سەلتەنەتلىك بولغان ئەتە. شۇنداق ئىكەن ئۆسمۈر-باللار دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى قۇدرەتلىك ئۇنىۋېرسال كۈچىنىڭ يىپ ئۇچىدىن ئىبارەت. ئىككىنچىدىن، ئۆسمۈر-باللار دۆلەت، مىللەت، ھەتتاكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئۈمىد چىرىقى. ھازىرقى ئۆسمۈر-باللارنى ياخشى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كەلگۈسىدىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا مۇستەھكەم ئۇل سالغانلىقتۇر. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، بۇ ئەللەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بىلەن زىچ باغلىنىشلىقتۇر. ئامېرىكىنىڭ پەن-تېخنىكا سودىسى دۇنيا پەن-تېخنىكا سودىسىنىڭ 90% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقارغان تېلېۋىزىيە ئۈچۈرلىرى پروگراممىلىرى پۈتۈن دۇنيا تېلېۋىزىيە ئۈچۈرلىرى پروگراممىلىرىنىڭ 75% نى ئىگىلەيدۇ.[①] ئۈچىنچىدىن، ئۆسمۈر-باللار مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسى، قوغدىغۇچىلىرى ۋە قۇرغۇچىلىرىدۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۆسمۈر-باللارنى ساغلام بولغان مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى بىلەن تەربىيىلىشى، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى يوقاتماسلىق، بەلكى ئۇنى

① «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2001 - يىل 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ۋە «تەڭرىتاغ ئېكرانى» 2001 - يىل 4 - سان.

راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى، «مەدەنىيەت مىللەتنىڭ سالاھىيەتنامىسىدۇر»①. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيىتى ئىلگىرىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى، ئەنئەنىسى ۋە ئېكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان، شۇنداقلا باشقا مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇلارنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا گۈللەنگەن. ئۆسمۈر-باللارغا ساغلام بولغان مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ئېكى قارشىنى سىڭدۈرۈش ھازىرقى دۇنيادىكى بىر مۇھىم تەربىيە ئېقىمىدۇر. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب ئەللىرىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ئاخبارات قورالى ئارقىلىق تارقىتىدىغان رادىئو-تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى پروگراممىسى پۈتۈن يەر شارىدىكى رادىئو-تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى پروگراممىسىنىڭ %90 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم سەۋەب، ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرى پۇقرالىرىدا ئۆز دۆلىتىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ئېكى بىلەن دۇنياۋى مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى ئېكىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدۇر. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ياڭ يى ئەپەندى دېگەندەك، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئىزچىللىقى شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سىمۋولىدۇر. ياڭ يى ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «تېخنىكا قاتلىمى جەھەتتە پەرق بارغانسېرى كىچىكلەپ بېرىۋاتقان ۋەزىيەتتە، مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ سالاھىيەتنامىسىدۇر»②. ھازىرقى باللار-ئۆسمۈرلەر مول بولغان تەلىم-تەربىيىگە ئىگە بولغاندا، ئاندىن ئۇلار مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىرىغا، قوغدىغۇچىلىرىغا ۋە قۇرغۇچىلىرىغا ئايلىنالايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۈچ نۇقتا شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، باللارغا قارىتا ئىستراتېگىيىلىك پىلان نۇقتىسىدىن تۇرۇپ تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىش، جۈملىدىن، باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى ئارقىلىق باللارنى ئېستېتىك تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە، پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىدار جەھەتتىكى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2. تارىختىكى ھەر بىر دەۋر ۋە تارىخىي باسقۇچ باللار تەلىم-تەربىيىسىگە ۋە باللار ئەدەبىيات-سەنئىتىگە موھتاج بولۇپ كەلگەن. كىتابىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك بابلىرىدا ئېيتىلغاندەك، باللارغا قارىتىلغان تەلىم-تەربىيە بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەت راۋاجلانغان دەۋرلەردە مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك گۈللىنىش بولغان. شۇ سەۋەبتىن تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ زاتلار باللار تەربىيىسىگە ۋە باللار ئەدەبىيات-سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. كۇڭفۇزى، ساكيامونى، ئەيسا خرىستوس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىق مەنىۋى ۋە دىنىي داھىيلارمۇ باللار تەلىم-تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن. سوقرات، ئەپلاتون، ئارستوتىل، خوراتىئوس، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، نەۋائى قاتارلىق ئالىم-پەيلاسوپلار، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق ئىنقىلاب داھىيلىرى، سۈن جۇڭشەن، ۋاشىنگتون، لىنكولىن، گەندى، ناسىر، مۇستاپا كامال قاتارلىق مىللىي داھىيلار بۇ مەسىلىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. كوللودى، فونتانى، بەيلۇر، ئاندېرسون، كىرىلوف، ئاكا-ئۇكا گىرىم، مارشاكلار بىر پۈتۈن ھاياتىنى باللارنى تەربىيىلەش، باللارنى بەدىئىي ئوبراز بىلەن تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق ئۈمىد يۇلتۇزىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قان-تەر ئاققۇزغان. جۇڭگونىڭ XX ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىدا لۇشۈن، گومورۇ،

① ② «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2001-يىل10-ئاينىڭ 23-كۈنى ۋە «تەڭرىتاغ ئىكرانى» 2001-يىل 4-سان.

ماۋدۇن، باجىن، چېن بىچۇ، يې شۇەنفېڭ، جاڭ تيەنيى قاتارلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ XX ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىدا ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇقادىرداموللا، قۇتلۇق شەۋقى، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيېف، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇكېرىم خوجا، مۇھەممەت رەھىم قاتارلىق ئەربابلار، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن، توختاش بەكرى، ئابدۇراخمان ئەبەي، تۇرسۇن قۇربان، قادىر ئارسلان، ئابلىكىم روزى قاتارلىق ئەدىبلەر بالىلار تەلىم-تەربىيىسى ۋە بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قان-تەر ئاققۇزغان.

دېمەك، بالىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك، بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك، ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدۇر، شۇنداقلا مىللەتلەرنىڭ، ۋەتەننىڭ، ئەل-يۇرتنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر، شۇڭا بۇ ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىملىرىدىن بىرى. بۇ ئېقىمنى توسۇۋېلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئېقىمنى توسۇۋېلىش ئەمەلىيەتتە تارىخنى توسۇپ قېلىش، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ خاراب بولۇش مۇقەددىمىسىدۇر.

3. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتىگە تېخىمۇ موھتاج ۋە تەقەززا بولىدۇ. بىلىملىك بولۇش، بىلىم قۇدرىتى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، بۈنىڭ بىلەن بىلىمنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېنېرگىيىسى بولۇپ قېلىشى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرىدۇر. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى تارىختىكى بارلىق دەۋرلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ.

مەلۇمكى، بىر ئادەم، بىر مىللەت ۋە دۆلەت ئىگە بولىدىغان مۈلۈك خىلمۇخىل مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە. بىرى، كۆچمە مۈلۈك ۋە مۇقىم مۈلۈك؛ يەنە بىرى، شەكىللىك مۈلۈك ۋە شەكىلسىز مۈلۈك. بىلىم — بىر خىل ئالاھىدە تىپتىكى شەكىلسىز مۈلۈك بولۇپ، دۇنيادا ئىنسانلار، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئېرىشىدىغان ھەر خىل مۈلۈكلەر — ماددىي مۈلۈكلەر ۋە مەنىۋى مۈلۈكلەر ئەشۇ بىلىمدىن ئىبارەت شەكىلسىز مۈلۈك ۋاستىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. شۇڭا بىلىمدىن ئىبارەت بۇ شەكىلسىز مۈلۈك ھەممىدىن قۇدرەتلىكتۇر. ئۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك: «بەخت كەلتۈرگۈچىدۇر»، بېكون ئېيتقاندەك: «پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچتۇر»، «بىلىم — كۈچ، كۈچ بولسا بىلىمدۇر ... بىلىم بىلەن كۈچ-قۇدرەت قوشكېزەكتۇر»[1]. «بىلىم بارلىق كۈلپەتلەردىن ساقلىغۇچى قالقاندۇر» (رۇداكى)[2]. «يىگىتلىكتە يىغ ئىلىمنىڭ جەۋھىرىنى، قېرىغاندا ئىشلىتەرسەن ئۇنى» (نەۋائى)[3]. بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلىمنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر دۆلەت ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى كۆپرەك بىلىملىك، ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق ئادەملەر كېرەك، ئەلۋەتتە. بىلىملىك بولۇش، ئەقىللىق بولۇش، ئىقتىدارلىق بولۇش — بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا قويغان جىددىي تەلىپىدۇر. قايسى مىللەت ۋە دۆلەت بىلىمگە ئەھمىيەت بەرسە، بىلىملىك، ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق پۇقرالارنى كۆپلەپ تەربىيىلىسە، شۇ دۆلەت ۋە مىللەت روناق تاپىدۇ. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، كانادا، ئىتالىيە، ياپونىيە،

---

① ② ③ «تەپەككۇر گۈلشىنى» 215 -، 216 - بەتلەر.



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئىسرائىلىيە، كورىيە، سىنگاپور مۇشۇ يول بىلەن روناق تاپقان. 1999-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىغا قارىغاندا، دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى 32 تىرىليون 500 مىليارت ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن①. مۇشۇ كىرىمنىڭ %66 نى ئامېرىكا قاتارلىق يەتتە دۆلەتنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش كىرىمى ئىگىلىگەن. لېكىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى يەر شارى نوپۇسىنىڭ %10 ىگىمۇ يەتمەيدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تەرەققىي قىلغان باي دۆلەتلەردىكى دېھقانلار ئىچىدە تراكتور ھەر 6000 ئادەمگە 927 سى توغرا كەلسە، كەمبەغەل دۆلەتلەردە بەشى توغرا كېلىدۇ②. بۇ پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىلىم ۋە تېخنىكا قۇدرىتى — ئادەملەر ساپاسىنىڭ ئىپادىسى. بىلىملىك، ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق پۇقرالار كۆپ دۆلەت، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق دۆلەتلەر پۇقرالارنى بىلىملىك، ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق قىلىش ئۈچۈن مائارىپقا، جۈملىدىن، مائارىپنىڭ ھەمراھى بولغان بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتىگە ئايىماي پۇل خەجلەيدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا بىلىمنى ئاساسىي ئىگىلىك فورماتسىيىسىگە ئايلاندۇرۇش — تارىخنىڭ تەلىپى ۋە تەقەززاسى بولۇپ قالدى. شۇڭا XXI ئەسىر بىر قۇدرەتلىك بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى بولىدۇ. ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بۇ خىل ئىگىلىك فورماتسىيىسىنى XX ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. باشقا ئەللەر ۋە مىللەتلەر بۇ خىل ئىگىلىك شەكلىنى XXI ئەسىر كىرىشى بىلەن بارلىققا كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

نېمە ئۈچۈن ئىنسانلار بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنى باشلىدى؟

بۈگۈنكى دۇنيا ئىلگىرىكى دەۋرلەردىن كۆپ تەرەققىي قىلدى، ئەلۋەتتە. لېكىن كەسكىن ۋە جىددىي ھالەتلىك كرىزىس، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى، ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى — ئىنسانلارنى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كىرىشكە مەجبۇرلىدى. ھازىرقى دۇنيا رېئاللىقىدا ئىنسانلار بىر خىل مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل كرىزىس، رىقابەتكە دۇچ كەلمەكتە. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ھازىرقى دۇنيا تېرىلغۇ يەرلەر ئازىيىپ كېتىش، تاتلىق سۇ مەنبەسى تارىيىپ كېتىش، قېزىلما بايلىقلار ئازىيىپ كېتىش، زەھەر ھۇجۇمى ۋە ئەيدىز كېسىلى ۋەھىمىسىدىن ئىبارەت بىرمۇنچە كرىزىسلەرگە دۇچ كەلدى. يەر شارىدىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ %70 تى تۈگىدى، قالغان ئېنېرگىيىمۇ يەنە 30 — 40 يىلدا تۈگەپ بولىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىنسانلار قانداق ياشىشى كېرەك؟ بۇنىڭ بىردىنبىر يولى بىلىمگە تايىنىش، بىلىم ئىگىلىكى شەكلىنى يولغا قويۇپ، ئەقىل ۋە ئىقتىدار كۈچى بىلەن ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش- تۇر. شۇڭا ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە ئەللەرگە تېخىمۇ كۆپ بىلىملىك، ئىقتىدارلىق ئىختىساس ئىگىلىرى كېرەك بولىدۇ. ھازىر جۇڭگودا 13 مىليون پەن-تېخنىكا خادىمى بار. 25 يىلدىن كېيىن بۇلاردىن %80 كىشى دەم ئېلىشقا چىقىدۇ ياكى پەن-تېخنىكا خىزمىتىدىن چېكىنىدۇ. ھازىر ھەر 10 مىڭ كىشى ئىچىدە پەن-تېخنىكا خادىمى ئاران بەش نەپەرلا. جۇڭگو يەنە 5.6 مىليون پۇل مۇئامىلە خادىمىغا، 10 مىليون مۇھىت ئاسراش خادىمىغا، 1 مىليون ئادۋوكاتقا موھتاج ئىكەن. ئەلۋەتتە بۇ خادىملارنى تەربىيىلەش كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر بىر مىللەتتە، ھەر بىر ئادەمدە بىلىمگە

---

①② «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى سانى.

ئىنتىلىش تۇيغۇسى يۇقىرى بولۇشى كېرەك. ھەر بىر مىللەت ۋە ئادەم قانداق قىلىپ ھاۋادىن، ئالەم بوشلۇقىدىن، دېڭىز-ئوكيان، دەريالاردىكى سۇدىن ئېنېرگىيە تېپىش يوللىرى ئۈستىدە، قانداق قىلىپ تېرىلغۇ يەر، تاتلىق سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈستىدە، قانداق قىلىپ ئىنسانلار دۇچ كېلىۋاتقان زەھەر چېكىش، ئەيدىز كېسىلى قاتارلىق كۆرۈنمەس قاتىل دۈشمەنلەرنى يوق قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىشى كېرەك. بۇ ئىشتا بىلىم ۋە بىلىم ئىگىلىكى ئىنسانلارغا ياردەم قىلالايدۇ.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت يەنىلا ئۆسمۈر-بالىلارنى تەربىيىلەشتۇر، ئۇلارنى ھەر خىل تەلىم-تەربىيە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق بىلىملىك، ئەقىللىق ۋە ئىقتىدارلىق يۇقىرى ئايلاندۇرۇشتۇر. بۇ ئىشتا مائارىپ ئاساس، ئەلۋەتتە. شۇنداقلا بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى بىر خىل بىلىم خەزىنىسى، ئۇ ئۆسمۈر-بالىلارغا بىلىم، ئەقىل ئاتا قىلالايدۇ، شۇنداق بولغاچقا بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى ھامان بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتىگە موھتاج بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەقەززا بولۇپ تۇرىدۇ.

4 . XXI ئەسىردىكى بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى ساپا مائارىپنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە كۈندىن-كۈنگە ئىجتىمائىيلىشىۋاتقان، يەر شارىلىشىۋاتقان ۋە ساپالىشىۋاتقان مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە بالىلارنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقىغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى XXI ئەسىردىكى ئىجتىمائىيلاشقان، يەر شارىلاشقان ۋە ساپالاشقان مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، بۇ ئارقىلىق بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا مائارىپ چەكسىزلىككە، چوڭقۇرلۇققا ۋە يۇكسەك قىممەتكە يۈزلىنىپ، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى تەلىپىگە ئۇيغۇن ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلانماقتا. مائارىپنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى، يەر شارىلىشىشى ۋە ئىگىلىكلىشىشى — مىللىي مائارىپ ئۈچۈن بىر كرىزىس ۋە خىرىس ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلدى. ھازىر بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي مائارىپى بۇ خىرىسقا، كرىزىسكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشى لازىم بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر دۆلەت، مىللەت ۋە رايوندا مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، مائارىپقا مەبلەغ سېلىش، مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنى ۋە دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئېڭى يۇكسەك دەرىجىدە بولۇشى، مائارىپ، مەرىپەت مۇھىتىنى يارىتىش قىزغىنلىقى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مىللىي مائارىپ زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياۋىلىشىشقا ۋە كەلگۈسىلىشىشكە يۈزلىنىپ، بىر خىل بىلىم ئىگىلىكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىغا ئايلانغاندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بىلىش كېرەككى، زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن مىللىي مائارىپ — مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. دېمەك، XXI ئەسىردىن ئىبارەت بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى مائارىپقا ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئوخشىمايدىغان قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. شۇڭا ھازىرقى ئەنئەنىۋى مائارىپ مىللەت دۇچ كېلىدىغان خىرىس، كرىزىس ۋە رىقابەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان روھىي ئېنېرگىيىگە ئايلىنىشى يەنى ساپا مائارىپقا ئايلىنىشى كېرەك. بالىلار ئەدەبىياتى مائارىپ تەرەققىياتى يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلغاچقا، ساپا مائارىپمۇ بالىلار ئەدەبىياتىغا سۈپەت، ساپا جەھەتتە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، قانداق قىلغاندا ئەنئەنىۋى مىللىي مائارىپنى ساپا مائارىپقا ئايلاندۇرغىلى، قانداق قىلغاندا بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ساپا مائارىپنىڭ بىر مۇھىم ھەمراسىغا ۋە تولۇقلىغۇچىسىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇش —

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەسئۇلىيىتىدۇر.

5. بالىلار ئەدەبىياتى بالىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئەدەبىيات، بەدىئىي ئوبراز تەسىرى بىلەن بالىلارغا شادىيانىلىق ۋە گۈزەللىك ھېسسىياتى بېغىشلاپ، تەربىيىنى ئۇلارغا تەبىئىي سىڭدۈرىدىغان ئەدەبىيات. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پېداگوگى ئا. سوخوملىنىسكى ئېيتقاندەك: «بالىلار گۈزەللىك، ئويۇن، چۆچەك، مۇزىكا، رەسىم، خىيال، ئىجادىيەت ئالىمىدە ياشاشلىرى كېرەك»①. بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى ئەنە شۇنداق ئاجايىپ بالىلار ئالىمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بالىلارغا گۈزەللىك زوقى، ئويۇن ئېڭى، چۆچەكتەك قىزىقارلىق، مۇزىكىدەك لىرىك تۇيغۇ، رەسىمدەك روشەنلىك، شېرىن خىيال ۋە ئىجادىيەت ئىلھامى بېغىشلىشى زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ ساپا مائارىپىنىڭ بىر زۆرۈر تولۇقلىغۇچىسى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ مېلودىيىسى بولالايدۇ.

پەنشۇناسلار ۋە ئىنسانشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە ئېيتقاندا، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدىكى ئاساسىي رىقابەت — ئىختىراسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت. بۇ تېگى تەكتىدىن ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەتتۇر. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى ئۆزىدە دەۋرنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى بالىلار پسىخىكىسىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ، بالىلاردا ئىلىم-پەننى ئۆگىنىشتە، كەشپىيات (ئىختىرا) ۋە ئىجادىيەتنى روياپقا چىقىرىشتا، ئۆز مىللىتى، ۋەتىنى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشتا بەسلىشەلەيدىغان توغرا لىنىيىلىك رىقابەت ئېڭىنى، رىقابەت ئىقتىدارىنى ۋە رىقابەت كۈچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە يۈزلىنىشى كېرەك. ھازىرقى دۇنيادا بالىلار ئەدەبىياتى مۇشۇ تەرەپكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ ۋە ئانا يۇرتىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىمۇ مۇشۇ يۆنىلىشكە قاراپ يۈزلىنىشى كېرەك. جۇڭگودا 100 نەچچە مەخسۇسلاشقان بالىلار گېزىت-ژۇرناللىرى، نەچچە ئون ئۆسمۈر-بالىلار ۋە ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، نەچچە يۈزلىگەن رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ بالىلار-ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى بالىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار، نەچچە ئونلىغان رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ بالىلار پروگراممىلىرى بالىلار ئۈچۈن بەجانىدىل ئىشلىمەكتە. لېكىن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ۋە ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى بويىچە ئېيتقاندا، ئېلىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى تېخىمۇ يۈكسىلىشى، ساپالىشىشى ۋە كەڭ ئومۇملىشىشى كېرەك. مۇشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى ئىشلىرىدا ئىجادىيەتنى، تەتقىقاتنى چىڭ تۇتۇپ، بىر خىل يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىللەتلىرىنىڭ بالىلار-ئۆسمۈرلەر تەلىم-تەربىيىسىنى ۋە بۇ خىل تەلىم-تەربىيىنىڭ ئوبرازلىق ۋاستىسى بولغان بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتىنى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى ۋە زامانىۋى ساپا مائارىپى تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش شىنجاڭ خەلقىنىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش.

---

① «تەپەككۇر گۈلشىنى»، 628-بەت.

مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىقا، دۇنياۋىلىشىشقا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى ۋە ساپا مائارىپى خاراكتېرىنى ئالغان يېڭىچە باللار ئەدەبىيات-سەنئىتىنى بەرپا قىلىشتا ۋە ئۇنى مۇقىم ھالەتتە راۋاجلاندۇرۇشتا باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى مائارىپىنىڭ ئىقتىدارىغا ۋە رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ تارىخى بىلەن باللار ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلىغان. شۇ ۋەجىدىن «باللار ئەدەبىياتى» ئالىي مەكتەپلەر، بولۇپمۇ پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرى، پېداگوگىكا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ تىل-ئەدەبىيات مائارىپىنىڭ ئاساسىي دەرسى بولۇپ كەلدى. ھازىرمۇ باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى مائارىپى مەيلى چەت ئەللەردە بولسۇن، مەيلى ئېلىمىزدە بولسۇن، بىر پۈتۈن مائارىپنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ بىر تەركىبى. ساپا مائارىپىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئالغاندىمۇ، باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىدارلىق، بىلىم-قۇرۇلمىسى پۇختا باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى يازغۇچىلىرى قوشۇنىنى بەرپا قىلىشتا، ئىجادىيەت مۇھىتىنى ياخشىلاپ، نادىر باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يارىتىشتا، شۇنداقلا باللار ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمى تەتقىقاتىنى كۈلەملەشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمەلىيەتتە باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى مائارىپى بارلىققا كەلمىگەن، كۈلەملىشىپ تەرەققىي قىلمىغان مىللەتتە باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى ۋايىغا يېتەلمەيدۇ.

## 3

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇر باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى مائارىپىنى كەڭ-كۆلەمدە يولغا قويۇش، بۇ خىل ئالاھىدە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مىللەتلەرنىڭ مەزمۇنى زامانىۋى، شەكلى مىللىي بولغان باللار ئەدەبىيات-سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، تەتقىق قىلىشتا قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك رول ئوينايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ «باللار ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق دەرسلىك تۈزۈلدى.

بۇ كىتابتا ئېلىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى دەرسلىك قۇرۇلۇشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبە-ساۋاقلار قوبۇل قىلىنىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى چىقىش قىلىنىپ، باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىسى، ژانىر، تۈرلەر نەزەرىيىسى، باللار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، باللار ئەدەبىياتى يېزىقچىلىقى ۋە ئوقۇتۇشىدىن ئىبارەت بەش مەزمۇن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلۇپ بايان قىلىندى. باش تۈزگۈچى ۋە تۈزگۈچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ كىتاب بەلگىلىك دەرىجىدە مىللىي ئالاھىدىلىككە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە زامانىۋىلىق تۈسىگە ئىگە قىلىندى. ئىشىنىمىزكى، بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى ئوقۇتۇشىدا، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى ساھەسىنىڭ ئىجادىيەت، تەتقىقات، ئوبزورچىلىق پائالىيەتلىرىدە ئۆز رولىنى جارى قىلىپ، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم مەكتەپلىرى، يەسلى، باللار باغچىلىرى، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغا، باللار تەربىيىسى ئىلمى ۋە باللار ئەدەبىيات-سەنئىتى تەتقىقاتچىلىرىغا ۋە تەنقىدچى-ئوبزورچىلارغا ئاز-تولا ياردەم قىلالايدۇ.

150. بىلىم بەردى، ئىنسان زورايدى بۈگۈن،
ئەقىل بەردى، شۇڭا يېشىلدى تۈگۈن.①

شۇنداق، ئىنسانلار ئۆتكەنكى 2000 يىلدا، بولۇپمۇ ئىككىنچى مىڭ يىلدا ئىلىم-پەن ۋە ئەقىل قۇدرىتى جەھەتتە زورايدى. بولۇپمۇ XX ئەسىر ئىنسانلارغا ئاجايىپ بىلىم قۇدرىتى، ئەقىل-پاراسەت كۈچى بەخش ئەتتى. لېكىن ئۇلار بىر تارىخ بولۇپ قالدى، خالاس. ئەمدى ئىنسانلار يېڭى بىر ئەسىرگە، يېڭى بىر مىڭ يىللىق مۇساپىگە قەدەم قويدى. ئىرانىڭ بۇ ئەسىرى، بۇ مىڭ يىلى ئادەملەرگە بىلىم، تېخنىكىلىق ئىقتىدار ۋە ماھارەت، ئەقىل-پاراسەت، ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتە تېخىمۇ باشقىچە، تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ ئۆتكۈر تەلەپ قويماقتا. بولۇپمۇ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى بولغان XXI ئەسىر ئىنسانلارنىڭ ئۆتكەن ئەسىرلەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە بىلىملىك، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق ۋە ئىقتىدارلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى XXI ئەسىرنىڭ ھەيۋەتلىك مۇساپىسىدە ئىنسانلار مۇتەپەككۇر ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇندىن 930 يىل بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكەن

154. ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر②

دېگەن ھېكمەتنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىدۇ. بۇ دەۋردىكى رىقابەتتە غەلىبە-ئامەت، سائادەت، ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك ئەقىللىقلارغا، بىلىملىكلەرگە، ئەخلاقىي ئالىيجانابلارغا، ئىقتىدارلىقلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن بەدىئىي ئوبراز قۇدرىتى ئارقىلىق ئۆسمۈر-بالىلارغا شادىيانىلىق، بىلىم، ئەقىل، گۈزەل غايە بېغىشلايدىغان بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتى XXI ئەسىرنىڭ ئېھتىياجلىق ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دېمەك، XXI ئەسىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى ئۇنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك بالىلار ئەدەبىيات-سەنئىتىگە موھتاج ۋە تەقەززا بولىدۇ.

---

①② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك».

## مۇندەرىجە


**كىرىش سۆز** .................................................. 1

**بىرىنچى باب بالىلار ئەدەبىياتى ۋە بالىلار ئەدەبىياتى ئىلمى** ........ 1

§ 1 . بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى .............................. 1

1 . بالىلار ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكى ........ 1

2 . بالىلار ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ ژانىر - تۈرلىرى ........ 8

3 . بالىلار ئەدەبىي ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ ئومۇمىي بالىلار ئوقۇشلۇقلىرىدىكى ئورنى ........................................ 10

§ 2 . بالىلار ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ............ 12

1 . ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى — بالىلار ئەدەبىياتىنى ياراتقان تۈپكى مەنبە ۋە كۈچ — بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى... 12

2 . جۇڭگو بالىلار ئەدەبىياتى تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........ 20

3 . جۇڭگو ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان ........................................ 28

4 . دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان ...... 48

5 . مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ رەسمىي شەكىللىنىشىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى ........................ 62

6 . بالىلار ئەدەبىياتى دېگەن نېمە؟ ........................ 64

§ 3 . بالىلار ئەدەبىياتى ئىلمى ۋە ئۇنى ئۆگىنىش ........................ 70

1 . بالىلارشۇناسلىق ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە ........................ 70

2 . بالىلار ئەدەبىياتى ئىلمى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ........... 71

3 . بالىلارنى ۋە بالىلار ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ...... 73

4 . بالىلار ئەدەبىياتى ئىلمىنى ئۆگىنىشنىڭ ئۇسۇلى........................ 74

**قوشۇمچە** .................................................. 76

**ئىككىنچى باب بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى، تەرەققىيات يۆنىلىشى، ئەھمىيىتى ۋە رولى** ........................................ 78

§ 1 . بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ خاراكتېرى........................ 78

1 . مەرىپەتچىلىك (ئاقارتىش) خاھىشى بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ بىر مۇھىم تۈپكى خاراكتېرى ........................ 78

2 . ئېنىق قاراتمىلىققا ئىگە مائارىپ يۆنىلىشچانلىقى — بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك خاراكتېرى ........................ 85

3 . بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتلىق ۋە ئېستېتىكىلىق خاراكتېرى ........................................ 88

§ 2 . بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئەھمىيىتى ........................ 90

1 . بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئوبيېكتى ۋە تەرەققىيات نىشانى ........... 90

2 . بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئەھمىيىتى ........................ 91

§ 3 . بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ رولى........................ 94

1 . بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ رولى ........................ 94

2 . بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەربىيىۋى ۋە ئېستېتىك رولىنى توغرا چۈشىنىش........................................ 104

**قوشۇمچە**........................................ 106

**ئۈچىنچى باب بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى** ........................ 108




此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com